## 145952 ـ دۇئا ۋە زىكىرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ئۇلاپ ئوقۇۋەتسە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

### سوئال

دۇئالارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ئۇلاپ، ئۇنى تەسبىھ ۋە ھەمدىلەرگە ئۇلاشتۇرۇپ ئەرەبچە دۇئا قىلساق توغرا بولامدۇ؟، مەسىلەن: دۇئا: سۇبھانەللاھى، ۋەبى ھەمدىھى، ئەدەدە خەلقىھى، ۋە رىزائە نەپسىھى، ۋە زىنەتە ئەرشىھى، ۋە مىدادە كەلىماتىھى، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ: سۇبھانەللاھى، ۋەبى ھەمدىھى، سۇبھانەللاھىل ئەزىيم دەپ ئۇنىڭغا باشقا دۇئالارنى ئۇلاپ ئوقۇساق بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇسۇلمان كىشى رەببىنى دۇئا سۆزلىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ئۇلاپ زىكىر قىلسا بولىدۇ، بۇ بىرنەچچە ئىشلاردىن بولىدۇ: زىكىرنى دۇئا جۈملىسى بىلەن ئۇلاش، بۇ پەقەت شەرئى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىشى كېرەك. شەرئى زىكىرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەسلىكى، مۇستەھەب ياكى سۈننەت  دائىرىسىدە بولىشى كېرەك. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار»[سۈرە ئەھزاب 41-ئايەت].

يۇقىرىدىكى ئايەت ئۇنداق قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، كۆپ زىكىر قىلىش بەزى ۋاقىتلاردا زىكىر قىلغۇچىدىن جۈملە ۋە سۆزلۈكلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ئۇلاشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.